# 7051 ـ شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە مۇناجات ئوقۇش بىلەن يېمەكلىككە تويلىشىش توغرىسىدا

**سۇئال**

بەزى ئائىلىلەر شەبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كېچىسىدە يېمەكلىكلەرنى هازىر قىلىپ بىر جايغا تويلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشانغان كىشىلەرمۇ بار، ئۇلار بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەس ئاۋازدا مۇناجاتلارنى ئوقۇيدۇ، بۇ شەكىلدە تويلىشىپ يېمەك يېيىشنىڭ هۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاهقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساهابىلىرىغا ئاللاه تائالانىڭ رەهمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئالنى هۆرمەتلىك ئۇستاز شەيخ مۇهەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەهمەهۇللاهغا سۇنساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ قارىشىمچە بۇنداق قىلىش بىدئەتكە يېقىن ۋە يولغا قويۇشتىن چەكلەش كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى چەكلىمىگەندە كىشىلەر بۇنى ئادەت قىلىۋالىدۇ، ئەگەر بىرەر قېتىم شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا بۇ شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قاپتۇ دېيىش كېرەك ئىدى، ئەمما هەر يىلدا شۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ. توغرا بولغىنى بۇنداق شەكىلدە تويلىشىشنى توغرا بولمايدۇ دەپ قارايمىز.

ئاللاه تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.